# گۈزەل سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلار ئۈچۈن

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرگەن جايلارنى قايتا زىيارەت

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەت ئىچىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى بىر تۈرلۈك مۇھىم قارالما بولۇپ كەلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىزىنى بويلاپ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ھەرقايسى جايلارنى قايتا زىيارەت قىلىش داۋامىدا، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقلارغا بېرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى، بىز ياشاۋاتقان يۇرت ـ ماكانلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى گۈزەللىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

### ■ تاغ: ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن تىنچ گۈزەللىككىچە، بىر تاغنىڭ ئېكولوگىيەسىدىكى ئۆزگىرىش

58 ياشلىق خې يۇمىڭ يەنە چىلىيەنشەن تېغى ئېتىكىدىكى تونۇش ئوتلاققا قايتىپ كەلدى.

«كۆچۈپ كەتكەن چاغدا، بۇ يەر تاقىر تاغ ئىدى. ھازىر ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ بەلگە كەلگۈدەك بوپتۇ» دېدى ئۇ يايپېشىل ئوتلاققا قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا. بۇ ئوتلاق گەنسۇ چىلىيەنشەن دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىلگىرى خې يۇمىڭنىڭ ئۆيى مۇشۇ جايدا ئىدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جۇڭنۇڭفا شەندەن ئات فېرمىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 ـ فېرمىسىغا كېلىپ، ئات فېرمىسىنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە چىلىيەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاسراش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: مۇشۇ يىللاردا چىلىيەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراشتا قالايمىقانچىلىقنى تۈزەشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى زور بوپتۇ. بۇ يەرگە كېلىپ نەق مەيدانىنى كۆرسە، ئاندىن چىلىيەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن.

چىلىيەنشەن تېغى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى. ئىلگىرى، كان ئېچىش، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، ساياھەتچىلىك چىلىيەنشەن تېغىنى بەك قىزىتىۋەتكەندى، لېكىن زىيادە تەرتىپسىز ئېچىش يەنە بۇ جاينىڭ ئاجىز، سەزگۈر ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ يۈكىنى ئاشۇرۇپ، تاغ تۈپرىقىنى بۇزۇپ، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئازايتىپ، چىلىيەنشەن تېغىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەنىدى.

چىلىيەنشەن تېغىنىڭ قىسمەن جايلىرىدىكى ئېكولوگىيەنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش مەسىلىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، قەتئىي تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى. 2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى گەنسۇ چىلىيەنشەن دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 100دىن ئارتۇق كىشىنى جاۋابكارلىققا تارتتى.

2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، خې يۇمىڭ ۋە يۇرتداشلار كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا كۆپ يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن چوڭ تاغدىن كۆچۈپ كەتتى. بۇ ئىككى يىلدا، چىلىيەنشەن مۇھاپىزەت رايونىدىكى 208 ئائىلە، 701 چارۋىچى مەركىزىي رايوندىن كۆچۈپ چىقتى؛ گۇۋاھنامىسى بار كانچىلىق ھوقۇقى پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈلۈپ، كاننىڭ گېئولوگىيەلىك مۇھىتى تۈزەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش تاماملىنىپ، ئېكولوگىيەلىك ئېقىم مىقدارى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ ساياھەت تۈرلىرىدە تۈزىتىش ۋە پەرقلەندۈرۈپ تۈزەش تاماملاندى.

چىلىيەنشەن تېغى ئاخىر تىنچلاندى.

ئىلگىرى مال بېقىلغان بولسا، ھازىر ئاسرىلىدىغان بولدى. خې يۇمىڭ ئېكولوگىيە ئاسرىغۇچىسى بولۇپ، چوڭ تاغقا قايتا كۆچۈپ كەلدى.

«چىلىيەنشەن تېغى بىزنىڭ ‹ئانا تېغىمىز›، بىز چوقۇم بۇ جايىنى ياخشى ئاسراپ، ئەۋلادلىرىمىزغا يېشىل تاغ، سۈزۈك سۇلارنى قالدۇرىمىز» دېدى ئۇ.

**【ئىنكاس】**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن تىنچلىققا قايتىپ كەلگىنى پەقەت چىلىيەنشەن تېغىلا ئەمەس.

نىڭشيا «خېلەنشەن تېغىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش جېڭى»نى باشلاپ، مۇھاپىزەت رايونىدىكى بارلىق كۆمۈر كانلار، كۆمۈر كانىدىن باشقا كانلار، كۆمۈر يۇيۇش، كۆمۈر ساقلاش زاۋۇتى قاتارلىقلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل تاقاپ، ئىشتىن توختاتتى. ئەسلىدىكى كۆمۈر كان داشقال دۆۋىلىرى خۇددى پەلەمپەي ئېتىزلاردەك يانتۇ دۆڭلەرگە ئايلاندۇرۇلدى. بولتۇر تېرىلغان ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقلىرى يايپېشىل ئۈنۈپ چىقتى.

شەنشىدە، چىنلىڭ تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قانۇنسىز سېلىنغان توپ ـ توپ داچىلارنىڭ ھازىر سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، مۇھاپىزەت رايونىدىكى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىمۇ تەدرىجىي چېكىندۈرۈلدى. چىنلىڭ تېغىدا سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلار يەرلىكتىكى ئاممىغا، بۇ يەردە ياشايدىغان جانلىقلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

### ■ سۇ: كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن كەڭ كۆلەمدە قوغداشقىچە، ئانا دەريا چاڭجياڭدىكى ئېغىر كېسەلنى نۇقتىلىق داۋالاش

باش كۆز ئۆتۈپ كەتتى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ خۇنەن يۆيياڭ بۆلىكىدىكى خۇالۇڭ سۇلۇق يېرىدە، دەريا سۈيى سۈپسۈزۈك، ئوت ـ چۆپلەر يايپېشىل، ھاۋا ياخشى بولغاچقا، نۇرغۇن ساياھەتچىنى بۇ جايغا كېلىپ تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلدى.

تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغىنى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، بۇ جاي توپا ـ چاڭ توزۇپ تۇرىدىغان، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قۇم ـ شېغىل بېسىپ كەتكەن پىرىستان ئىدى. يېقىن ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان ئاھالە يىل بويى چاڭ ـ توزان، شاۋقۇننىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى.

ئۇ چاغلاردا، باشۇدىكى تاغ ـ دەريالاردىن جياڭنەندىكى سۇ يۇرتىغىچە، پاسكىنا سۇ دەريا ـ ئېقىنلارغا قۇيۇلۇپ، پىرىستانلارغا قۇم ـ شېغىل دۆۋىلىنىپ، خىمىيە سانائەتى كارخانىلىرى دەريا بويىنى قاپلاپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتى سىجىل ناچارلاشقان، ئېكولوگىيە ئىقتىدارى چېكىنگەن، ئېكولوگىيە سىستېمىسى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئازابلانغان ھالدا: «كېسەل بولۇپ قاپتۇ، كېسىلى ئېغىر ئىكەن» دەپ سۆيلىگەنىدى.

2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم چاڭجياڭ دەرياسىنى تەكشۈردى. «باش شۇجى ناھايىتى تەپسىلىي سورىدى، ئۇ يۇقىرىلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن نەپتىن بەھرىمەن بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى» دېدى چاڭجياڭ دەرياسى سۇچىلىق كومىتېتى سۇ رايى ئوتتۇرا ئېقىن ئىدارىسى يۆيياڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېن جيەنشياڭ ئەسلەپ.

تەكشۈرۈش داۋامىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قولىدا داۋاملىق ناچارلىشىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايمىز، چوقۇم كېيىنكى ئەۋلادلارغا پاكىز، گۈزەل بولغان تۈمەن چاقىرىملىق چاڭجياڭ دەرياسىنى قالدۇرۇشىمىز كېرەك!

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈزۈك سۈيىنى قوغداش ئۈچۈن، يالغۇز خۇنەن ئۆلكىسىلا بولتۇر ئىككى ئاي ئىچىدە، دەريا ياقىسىغا جايلاشقان كىچىك، تارقاق پىرىستان، كېمە توختىتىش ئورنىدىن 42نى مەركەزلىك چېقىپ، 13 كېچىكنى تاقاپ، ئىشتىن توختىتىپ، چاڭجياڭ دەرياسى قىرغىقىدىكى 7.24 كىلومېتىر جاينى ئەسلىگە قايتۇردى. ئىلگىرى ئاۋامنى پاراكەندە قىلغان پىرىستان «ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان» سۇلۇق يەر باغچىسىغا ئايلاندى.

«مۇشۇ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ‹يۆيياڭ راۋىقى خاتىرىسى›دىكى ھەيۋەتلىك گۈزەل مەنزىرە قايتا نامايان بولدى!» چېن جيەنشياڭ مەمنۇن بولغان ھالدا مۇنداق دېدى: دەريا سۈيى بارغانسېرى سۈزۈلدى، بەزىدە دەريا دېلفىنىنىڭ ئوماق سىماسىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

**【ئىنكاس】**

چاڭجياڭ دەرياسى مۇھىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن بىر چوڭ ئىش. 2016 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، 2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئېچىلغان ئىككى قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدىكى قارارلارنىڭ ھەممىسى ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىياتتىن چەتنەپ كەتمىدى.

سۈزۈك سۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئېكولوگىيەنىڭ مەنبەسى.

بۈگۈنكى كۈندە، كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسى بويىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى.

### ■ ئورمان: يېشىللىقنى قوغداشتىن يېشىللىقنى كۆپەيتىشكىچە، «جۇڭگو يېشىللىقى» دۇنيانىڭ تەرىپلەشگە ئېرىشتى

8 ـ ئايدا، ئىچكى موڭغۇلنىڭ چىفېڭ شەھىرى قاراچىن خوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدىكى مايىنشەن ئورمانچىلىق مەيدانى يېشىللىققا پۈركەندى، مايلىق قارىغاي ئېگىز قەد كۆتۈرگەن، ئاق قېيىن دەرىخى قاتار كەتكەن بولۇپ، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. ئورمانلىق ئارىسىدىكى بوش يەردە، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىلىرى قايىنام ـ تاشقىنلىق ئىچىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتقان بولۇپ، ئورۇش ماشىنىسى بىلەن ياۋا ئوتلارنى ئورۇۋاتقان، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆزىتىپ ئۆلچەۋاتاتتى.

بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ تومۇز ئىسسىققا قارىماي، ئەگرى ـ بۈگرى ئورمان ئاسراش كىچىك يولىنى بويلاپ مېڭىپ، بۇ يەرگە كەلدى. ئۇ ئورمان رايونىغا كىرىپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئىشلەۋاتقان ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش، ئائىلە ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانىغا چوڭقۇر چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈپ كۆيۈنگەنلىكى بىلەن پاراڭلاشقاندىكى مەنزىرىنى ئەسلىگەندە، قاراچىن خوشۇنلۇق ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جاۋ لىيەنكۈي مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىغا مۇنداق دېدۇق، ھازىر ئېكولوگىيە ياخشىلاندى، تاغقا چىقىپ چارلاپ قوغدىغان ۋاقىتلاردا، دائىم ئېلىك، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، ياۋا توخۇ قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇچرىتالايمىز، ساياھەت قىلىپ كېلىدىغانلارمۇ كۆپەيدى، تاغدىكى ياۋا سەيلەرنى سېتىشتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق، تاغ ماللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، يۇرتداشلىرىمىز ھەقىقىي پايدىغا ئېرىشتى، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق».

مايىنشەن ئورمانچىلىق مەيدانى چىفېڭ شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. ئىچكى موڭغۇل، خېبېي، لياۋنىڭ ئىككى ئۆلكە بىر ئاپتونوم رايوننىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان چىفېڭ شەھىرىدە ئورمان كۆلىمى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 6 مىليون 820 مىڭ مودىن 45 مىليون 400 مىڭ موغا كۆپىيىپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.2%تىن 35.7%كە يېتىپ، «قۇملۇق ئىلگىرىلەپ ئادەملەر چېكىنىش»تىن «يېشىللىق ئىلگىرىلەپ قۇملۇق چېكىنىش»كىچە بولغان تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي چېگراسىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان يېشىل مەرۋايىتقا ئايلاندى.

**【ئىنكاس】**

يېشىل رەڭ ھاياتلىقنىڭ ئاساسىي رەڭگى.

2017 ـ يىلى، خېبېينىڭ سەيخانبا ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇھىت ئاسراشتىكى ئەڭ ئالىي شەرىپى ـــ «يەر شارى مۇھاپىزەتچىسى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇنى «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ جانلىق ئۈلگىسى» دەپ تەرىپلىدى.

ئۈچ شىمال قۇرۇلۇشى، تەبىئىي ئورمانلىقنى قوغداش قۇرۇلۇشى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشى ... نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، جۇڭخۇا زېمىنىنىڭ يېشىللىق تېررىتورىيەسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ يېشىللىق مۆجىزىسىگە ئايلاندى.

دۆلىتىمىز دۇنيادىكى سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىشقا تۆھپە قوشقان ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. پۈتۈن يەر شارىدا 2000 ـ يىلدىن باشلاپ 2017 ـ يىلغىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن يېشىللىق كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 1/4 قىسمىنى جۇڭگو ئىگىلىگەن، تۆھپە قوشۇش نىسبىتى جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئورمان بايلىقى سىجىل ئازلاۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگو پۈتۈن يەر شارىدا ئورمان بايلىقىنىڭ ئېشىشى ئەڭ كۆپ بولغان دۆلەتكە ئايلاندى.

### ■ ئېتىز: مىقدارغا ئىنتىلىشتىن سۈپەتكە ئىنتىلىشكىچە، چوڭ دۆلەت يېزا ئىگىلىكى يېشىل ئېكولوگىيەگە قاراپ تېز ئۆزگەرتتى

باش كۈزدىكى خېيلۇڭجياڭدىكى جيەنسەنجياڭ دەرياسى، مەيىن شامال شال باشاقلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ دولقۇن ھاسىل قىلغاندى. چىشىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كۆز يەتكۈسىز شاللىقتا، شالدىن ھاسىل قىلىنغان «جۇڭگو ئاشلىقى جۇڭگو تاماق قاچىسى» دېگەن سەككىز چوڭ خەت گۈزەل مەنزىرىگە ئايلانغانىدى.

بولتۇر تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى ئەمدىلا ئۆتۈشكەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چىشىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغان چاغدىكى مەنزىرە دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان جاڭ جىڭخۇينىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېشىل يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، پايدىلىنىش بىلەن پەرۋىشنى بىرلەشتۈرۈشتە، ئۈنۈمىرسال تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، قارا تۇپراقنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە، چېكىنىپ كېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك». باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ سۆزى جاڭ جىڭخۇينىڭ ئېسىدە چىڭ ساقلانغاندى.

جاڭ جىڭخۇي چىشىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئاشلىق تېرىيدىغان چوڭ ئائىلە بولۇپ، 352 مو يەرگە شال تېرىغان. بۇ يىل ئۇنىڭ ئائىلىسى شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش، تۇپراقنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ رېتسېپ بىلەن ئوغۇتلاش، ياندىن چوڭقۇر ئوغۇتلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، ھەر مو يەرگە ئىشلىتىدىغان ئازوتلۇق ئوغۇتنى 2.3 كىلوگرام ئازايتقان. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇ شاللىقى يەنە چىشىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى تەرىپىدىن يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەن!

«ئىلگىرى يۇمىلاق دانلىق شال تېرىيتتۇق، يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىغا سېتىپ بېرەتتۇق. ھازىر ئوخشىمايدۇ، بىز بازار ئېھتىياجىنى كۆزلەپ، يېشىل، ئورگانىك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىمىز.» جاڭ جىڭخۇينىڭ ئېيتىشىچە، بولتۇر ئۇ تېرىغان 200 مو يەردىكى يېشىل شال پىششىقلاپ گۈرۈچكە ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، شەندۇڭغا ئاپىرىپ سېتىلغان، ھەر جىڭنى سەككىز يۈەندىن كۆپرەككە ساتقان.

يېشىل يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، چىشىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى يەنە شالنى ياندىن چوڭقۇر ئوغۇتلاپ مايسا كۆچۈرۈش ماشىنىسى، شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى نۇقتىلىق كېڭەيتتى، پايدىلاندى ھەم تۇپراقنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش ئارقىلىق ئوغۇت سىلىنمىسىنى ئازايتتى.

جاڭ جىڭخۇي مۇنداق دېدى: شالنى ياندىن چوڭقۇر ئوغۇتلاش ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، يەنە ئىلگىرىكى ئادەتتىكى ئوغۇتلاش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوغۇتنىڭ پارلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، سۇ مەنبەسى، يەر قاتارلىقلارنىڭ بۇلغىنىشىنى يېنىكلىتىپ، ئوغۇتنى تىزگىنلەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، يېشىل تېرىقچىلىق قىلىش ئۈنۈمىگە يەتتۇق.

**【ئىنكاس】**

دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىك چوڭ دۆلىتى. يېزا ئىگىلىكتىكى يېشىل تېز ئۆزگەرتىش يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، ئىقتىساد مۇددەتلىك تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك.

2013 ـ يىلىلا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شەندۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە قارىتا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

بۇ يىللىق مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا، خېنەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە يېزا ئىگىلىكىدە دائىرىلىك، مەنبەلىك بۇلغىنىشنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئوغۇتنى تېجەش، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى تېجەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېزا ئىگىلىكىدە يېشىل تېز ئۆزگەرتىش پۈختا ئالغا سىلجىتىلدى، دۆلىتىمىز خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ نۆل ئېشىشىنى مۇددەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشۇردى. 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، مەملىكەت بويىچە ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ مەنپىي ئېشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

### ■ كۆل: كۆلنى دائىرىلەشتىن كۆلنى ئاسراشقىچە، كۆللەرنى قوغداش يېڭى دەۋرگە كىردى

«ساڭىبېر يۇشيۇ» ـــ لى دېچاڭ ساڭشەن تېغى بىلەن ئېرخەي كۆلى ئارىسىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن مەنزىرىنى ئۆز ھويلىسىنىڭ سىرتقى تېمىغا سۈرەتلەپ يازغانىدى.

ئۇنىڭ ھويلىسى ئېرخەي كۆلى بويىغا، يۈننەن دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دالى شەھىرى ۋەنچياۋ بازىرى گۇشېڭ كەنتىگە جايلاشقان. 2015 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ ھويلىغا كىرىپ، يۇرتداشلار بىلەن ھويلىدا مۇڭداشقان. باش شۇجى شى جىنپىڭ: «ئېرخەي كۆلىنى چوقۇم ياخشى قوغداڭلار» دەپ تاپىلىغانىدى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېرخەي كۆلى بويىدا تۇرۇپ: ‹بۇ گۈزەل مەنزىرىنى ساقلاپ قېلىڭلار، يەنە بىرقانچە يىلدىن كېيىن قايتا كەلگىنىمدە، سۇنىڭ تېخىمۇ پاكىز، سۈزۈك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن› دېگەنىدى. بىز چوقۇم باش شۇجىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز.» لى دېچاڭ باش شۇجىنىڭ تاپىشۇرۇقىنى ئىزچىل ئېسىدە چىڭ ساقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى ئېرخەي كۆلىگە بېرىپ ئايلىنىپ، ئېرخەي كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزەتتى.

ئېرخەي كۆلى يۈننەن ئۆلكىسىدىكى 2 ـ چوڭ تاتلىق سۇ كۆلى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ۋادا ئىچىنىڭ نوپۇسى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ساياھەتچىلىك كەسپى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئېرخەي ۋادىسىنىڭ بۇلغىنىش يۈكى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ كەتتى. ئېرخەي كۆلى ئوزۇقلۇقى كەمچىل كۆلدىن ئوزۇقلۇقى ئوتتۇراھال كۆلگە، يەنە ئوزۇقلۇقى مول كۆلگە ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى، كۆك يۇسۇن كۆلدە كەڭ دائىرىدە توپلىنىپ يامراپ كەتتى.

«پەقەت ۋاقتىم بولسىلا، مەن كېلىپ ياردەملىشىپ، ساھىلدىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تازىلاپ، قىرغاققا يېقىن جايلاردىكى ئۆلگەن سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ۋە سۇ يۇسۇنلىرىنى سۈزىمەن.» لى دېچاڭ مۇنداق دېدى: پەقەت ئېرخەي كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتى ياخشىلانسىلا، مەن ئازراق جاپا چەكسەممۇ ئەرزىيدۇ.

«ساڭشەن سىياھ بىلەن سىزىلمىسىمۇ سۈرەتتەك گۈزەل، ئېرخەي تارىسى بولمىسىمۇ قالۇن كۈيىدەك گۈزەل» دەيدىغان تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دالى ئوبلاستى ئېرخەي كۆلىنى قوغداش ـ قۇتقۇزۇش ئەندىزىسىنى يولغا قويدى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئېرخەي كۆلى ۋادىسىدىكى شەھەر، يېزىلارنىڭ تۇرمۇش يۇندىلىرىنى تولۇق يىغىۋېلىش، تولۇق بىر تەرەپ قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ كۆل ئەتراپىدىكى 1806 ئائىلىلىكنى ئېكولوگىيەلىك كۆچۈرۈش تاماملاندى ھەم ماس قەدەمدە 5800 مودىن كۆپرەك كۆل ئەتراپى ئېكولوگىيەلىك سۇلۇق يېرى ۋە ئارىلىق بەلباغ بەرپا قىلىندى؛ ئېرخەي كۆلى ۋادىسى دائىرىسى ئىچىدىكى 100 مىڭ مو يەرگە سامساق تېرىش چەكلىنىپ، خىمىيەلىك ئوغۇت ئىشلىتىش زور دەرىجىدە ئازايتىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، لى دېچاڭنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى ياخشىلاندى ـــ ئېرخەي كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتى كۆپ ياخشىلاندى، قىرغاقتا تۇرۇپ كۆلنىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى، «سۇ سۈپىتى يۈنىلىش بەلگىسى» دەپ قارالغان دېڭىز گۈلسامسىقىمۇ كۆپەيدى. 2018 ـ يىلى، ئېرخەي پۈتۈن كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتى يەتتە ئاي 2 ـ دەرىجىلىك سۇ سۈپىتىنى ساقلاپ، 2015 ـ يىلدىن بۇيانقى سۇ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولغان يىل بولدى.

**【ئىنكاس】**

ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. كۆل ئىزچىل كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن.

ئۇزاقتىن بۇيان، بىر قىسىم جايلاردا كۆلنى دائىرىلەپ ئېچىش، سۇ دائىرىسىنى ئىگىلىۋېلىش، ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ بۇلغىما چىقىرىش، قانۇنغا خىلاپ باقمىچىلىق قىلىش، قانۇنسىز قۇم ئېلىش كۆل يۈزى كۆلىمى كىچىكلەپ كېتىش، سۇ دائىرىسى بوشلۇقى ئازىيىپ كېتىش، سۇ سۈپىتى ناچارلىنىش، جانلىقلارنىڭ ماكانلىنىش يېرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ گەۋدىلىك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كۆلنىڭ فۇنكسىيەسى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى.

2018 ـ يىلى، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى تەكشۈرگەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ كېمىگە ئولتۇرۇپ چاگەن كۆلىنىڭ نەنخۇ ئېكولوگىيەنى ئاسراش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، يەنە ئاسما يولنى بويلاپ مېڭىپ سۇ رايى ئەھۋالى ۋە ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياشاش مۇھىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

بۇ يىللىق مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا، ئۇ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق كۆرسەتتى: ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆلۈن كۆلى، ئۈلاستاي كۆلى، داغنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئۈنۈمىرسال تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردا ئىچكى موڭغۇل پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈچ كۆلنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى تۈزەشنى ياخشى تۇتتى، نۆۋەتتە سۇ سۈپىتى كۆرسەتكۈچى ئومۇمەن ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، ياۋايى ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خىللىرى مۇقىم كۆپىيىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، پەسىل قۇشلىرىنىڭ مەنزىلگاھىغا ئايلاندى.

### ■ ئوتلاق: چارۋىچىدىن شەھەر ئاھالىسىگىچە، ئېكولوگىيە ۋە خەلق تۇرمۇشىدا «قوش پايدا» ئېلىندى

چارۋىچىدىن شەھەر ئاھالىسىگە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، 65 ياشلىق گېڭگا نەنجېنىڭ يايلاققا بولغان مۇھەببىتى ئاۋۋالقىدەكلا قەلبىگە ئورناپ كەتكەنىدى.

15 يىل ئىلگىرى، چارۋىچى گېڭگا نەنجېي دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىرغا يېقىن ئېگىزلىكتىكى چىڭخەي ئۆلكىسى خەيشى موڭغۇل زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى گولمۇد شەھىرى تاڭگۇلا تېغى بازىرى سولما كەنتىدە تۇراتتى. دۆلەتنىڭ چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك ئاھالە كۆچۈرۈش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، 128 ئائىلىلىك 407 چارۋىچى ئاما 400 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىن گولمۇد شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىغا كۆچۈپ باردى.

يېڭى كەنتكە چاڭجياڭيۈەن كەنتى دەپ ئىسىم قويۇلدى، مەنىسى «چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنبەسى ۋە ئىچىدىغان سۇنىڭ مەنبەسىنى ئەسلەپ، پارتىيەنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ئۇنتۇماسلىق» دېگەنلىك ئىدى. 2016 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىرغا يېقىن ئېگىزلىكتىكى بۇ كۆچمەنلەر كەنتىگە كەلدى.

شۇ چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلەپ، گېڭگا نەنجېي ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن كەنتتىكى زاڭزۇ كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بايرام ئۆتكۈزگەندە كىيىدىغان زاڭزۇچە كىيىممىنى كىيىپ، خاداكنى كۆتۈرۈپ، باش شۇجىنىڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئالدىغا كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنىدىم».

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئۈچ دەريا مەنبەسىنى قوغداش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن چوڭ سىياسەت، ئېكولوگىيەلىك ئاھالە كۆچۈرۈش بۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر، چوقۇم ياخشى تەشكىللەپ يولغا قويۇش كېرەك.

«ھازىر پۈتۈن كەنتتە نۇرغۇن ئائىلىدىن ئوتلاق باشقۇرغۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچىلار تەيىنلەندى، ئۇلار تاغدىكى ئوتلاقلارنى قەرەللىك ئايلىنىپ تەكشۈرىدۇ. ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، كەنتتە يەنە ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە تۈرلىرى نۇقتىلىق يولغا قويۇلدى، يۇرتداشلارنىڭ كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى گېڭگا نەنجېي.

شۇ جايدىكى ئېكولوگىيەلىك كۆچۈرۈلگەن 100 مىڭ ئاھالىنىڭ «يۇرتنى سېغىنىش» ھېسسىياتىغا يارىشا، ئۈچ دەريا مەنبەسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. 2004 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۈچ چوڭ دەريانىڭ مەنبەسىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا 5 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر ئەلا سۈپەتلىك سۇ كۆپ يەتكۈزۈلۈپ، ئوتلاقنىڭ ئوت ـ چۆپ مىقدارى 30% ئاشتى، تىبەت قۇلانى، يىلپىز قاتارلىق يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ھايۋانات تۈر تۈپىنىڭ سانى ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئاشتى.

**【ئىنكاس】**

دەل ـ دەرەخ تىكىلسە، دۆلەتمۇ باي بولىدۇ.

2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەت باغچىسى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئۇستىدە توختىلىپ: تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى بىر ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، دېدى.

تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆلدىن تارتىپ، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقلىقىچە، گەرچە بىر «ئوتلاق» سۆزى كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ئېكولوگىيە سىستېمىسى ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسگە كىرگۈزۈلۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر ئۇلۇغ ئېكولوگىيە قارىشى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئوتلاقنىڭ سۇ مەنبەسى ساقلاش، تۇپراقنى ساقلاش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش قاتارلىق ئېكولوگىيە ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلدى ۋە كۈچەيدى، قىسمەن رايونلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئوتلاق ئېكولوگىيەسى مۇھىتىنىڭ سىجىل ناچارلىشىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە توسۇلدى. يايپېشىل يايلاقلار كەڭ چارۋىچى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىدىكى مۇھىم تايانچىغا ئايلاندى.

(مۇخبىرلار گاۋ جىڭ، ۋاڭ بو، جوۋ نەن، ۋاڭ جىڭ، ۋاڭ جيەن، دىڭ يىچۈەن، لى لىنخەي)

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)